2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
21
شەنبە
维吾尔文 12 月21日

شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24916 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن تېلېفونلاشتى.

ترامپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىشى ئامېرىكا، جۇڭگو ۋە پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش، ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت بازىرى ۋە دۇنيا بۇنىڭغا ئىنتايىن ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇردى. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، تىرىشىپ تېز ئارىدا كېلىشىم ئىمزالاشنى ھەم ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باراۋەرلىك ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. ھازىر خەلقئارا مۇھىت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلىشى جۇڭگوغا پايدىلىق، ئامېرىكىغا پايدىلىق، پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرى خې يىچېڭ ھەم ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى قاتارلىقلار قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاۋمېن تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتتى. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، خاتىرجەم شارائىتتىمۇ خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن



12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. سۈرەتتە، شى جىنپىڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرى خې يىچېڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جۇڭفا، جۇ جىچەي، گو شىن) ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. (سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 3 ـ بەتتە) ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاۋمېن تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتتى. ئۇ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، خاتىرجەم شارائىتتىمۇ خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاۋمېندىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ

شى جىنپىڭ ئاۋمېندىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا قايتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئاۋمېندىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋمېندىن مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتتى.

شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاۋمېنغا يېتىپ بارغانىدى. ئاۋمېندىكى مەزگىلدە، شى جىنپىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چېن جيەنشىڭ، جۇ جىچەي) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاۋمېندا ئەمدىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ خې يىچېڭنىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈندىن باشلاپ، سىز ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا رەھبەرلىك قىلىش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىڭىزگە ئالدىڭىز. مەركىزىي ھۆكۈمەت سىزگە يۈكسەك ئىشەندۇ، ئاۋمېن ئاھالىلىرى سىزدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە. سىزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نىگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

قىسىم قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ۋەزىپە ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئاۋمېندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شۇەنلياڭ، گو شىن) ئاۋمېندا ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە سەمىمىي سالام يوللىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ قاتناشتى، شاۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 75 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 75 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. يىغىندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قىيىنچىلىقى بار مېيىپلەر تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى مېيىپلەر پەرۋىشى ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق قارارلار تەتقىق قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى **ئىنام نەسرىدىن**

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)